# UTFW2-064 - Ilminur Siddiq

1. ئىسمىم ئىلمىنۇر سىددىق. بۇ يىل 46 ياشتا. تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن. مۇدىر ۋىراچلىق سەۋىيەسىدە خىزمەت قىلغان. ئون يىلغا يېقىن خىزمەت قىلىپ، ئاخىرىدا خىتاينىڭ زۇلۇمى سەۋەپلىك خىزمەتتىن چىقىپ كىتىشكە مەجبۇر بولدۇم. مىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇم ئەسلى غۇلجا، ئۈرۈمچىدە ئوقۇش جەريانىدا ئۈرۈمچىدە قېلىپ قالدىم. مەن 2008- يىلى ئاخىرغىچە خىزمەت قىلدىم. 1999- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۈچۈنچى بالىغا ھامىلە بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن، خىتاينىڭ قانۇنىدا بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىككىدىن ئارتۇق بالاچەكلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىز قارشى كىلىپ قالغاچقا بىزنى خىزمەتتىن چىقىشقا مەجبۇرلىدى. يا خىزمەتكە تۇر، ياكى بالاڭغا تۇر دىگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ دىنى ئېتىقادىمىز تۈپەيلى بالىغا تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، خىزمەتتىن چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم.
2. خىزمەتتىن چىققاندىن كىيىن 2009- يىلى 5. ئىيۇل ۋەقەسى بولدى. بىزنىڭ نۇرغۇن تۇغقانلىرىمىز ئۇ ۋەقەدە تۇتۇلۇپ كىتىلدى. ھەتتا مەن ئۈرۈمچىنىڭ جىيەنجىگلۇدىكى جىيەنجۇڭ شىياۋچۈي دە ئولتۇراتتىم. ئۇ قورۇدا ئاساسلىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراتتى. ئۇ قورۇدا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋاقىتتا ھەر كۈنى دىگۈدەك ساقچىلار بىنالارغا ئىتلارنى ئېلىپ كىرىپ ياشلارنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. بۇنى كۆرگەندىن كىيىن ئىچىمدە بىر قورقۇنچ ۋە ئەندىشىگە چۈشتۇم. مىنىڭمۇ بالىلىرىم بولغاندىكىن، بۇ بالىلىرىمنىڭ تەقدىرى قانداق بولا دەپ ئەنسىرىدىم. شۇ مەزگىللەردە ھەم تۆتىنچى بالىغا ھامىلە بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ بالىنىڭمۇ قانۇنسىز بالا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بالىنى تۇغقىچە بولغان ئارلىقتا ئۆيدىن چىقماي بالىنى تۇغۇشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇنداق قىلساممۇ ھۆكۈمەت بىلىپ قېلىپ، ئاھالىلەر كومىتېتى كىرىپ «سىنىڭ بالاڭ ئارتۇق ئىكەن» دەپ ئىككى بالامغا 50 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. بىز ئۇنىڭغا ئۇنىماي، ئۆزىمىز يول مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىرى 25 مىڭ يۈەندىن 50 مىڭ يۈەن پۇل تۆلەپ بالىنى نوپۇسقا ئالدۇردۇق. ئۇ پۇلنى تۆلىمىسەك بالىمىزنىڭ نوپۇسى بولمايتتى. بىز شۇ پۇلنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدۇق. 2013- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارلىقتا شەخسى بىر دوختۇرخانا ئاچقان ئىدىم. شۇ دوختۇرخانىنى ئېچىش جەريانىدىمۇ ھەر كۈن دىگۈدەك، ھەپتىدە بىر قېتىم سەھىيە مىنىستىرلىكىدىن كىلىپ زىيارەت قىلدۇق دەپ تەكشۈرۈپ «سىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمان، يۈزىنى ئورىغانلار لا كىلىدۇ» دەپ ھەر خىل باھانىلەر بىلەن دوختۇرخانامنى تاقىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ 2014- يىلى 8- ئايغىچە بولغان ئارلىقتا ئاخىرى بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى مېنىڭ نۇرغۇن يېقىن ئۇقۇغۇچىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم، تونۇش بىلىشلىرىم ، ھەتتا مېنىڭ غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىمنىڭ بالىلىرىنىمۇ شۇ سەۋەپلىك تۇتۇلۇپ كەتكىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ، بالىلارنىڭ كەلگۈسى قانداق بولا دەپ، يۇرت تېشىغا چىقىشنى قارار قىلدىم.

3. ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۈرۈمچىدە قانۇنلۇق بىر شىركەت قۇرغان ئىدى. ئىسمى_ شىنجاڭ تاڭنۇرى خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتى دەپ. ئۇ شىركەتنىڭ دىرىكتورى ئىدى. ئۇ شىركەتنى 1 مىليون مەبلەغ سېلىپ قۇرغان. ئۇ شىركەتنىڭ ئورنىمۇ جىيەنجىڭلۇ دا. مەن خىزمەت تاشلىغاندىن كېيىن ئۇ شىركەتتە ئىككى يىل بوغالتېر بولۇپ ئىشلىدىم. مەن ئۆيدىكىلەرگە بۇنى مەسلىھەت سالغان ۋاقتىمدا ئۆيدىكىلەر مېنىڭ چەتئەلگە چىقىشىمغا قېتىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن تۆت بالىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ چاغلاردا بىۋاستە تۈركىيەگە كىلىش ئىمكانىيىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن مىسىرغا كەلدىم. مىسىرغا بارغاندىن كېيىن ئۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاخىرى تۈركىيەگە كىلىشكە مەجبۇر بولدۇم. مىنىڭ چەتئەلگە چىقىشىمغا ئۆيدىكىلەر باشتىن ئاخىرى قارشى چىققان. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە مەن تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزى موشۇ بالىلارنىڭ ئوقۇشىنى دەپ، ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرۇشۇمنى ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. 2016- يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرىدا قايتىپ كەتكەن. قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ ئايغىچە بىز ۋىچاتتا ئانچە مۇنچە كۆرۈشۈپ تۇرغان بولدۇق. شۇ چاغدا بالىلىرىم «دادا قايتىپ كەتمە، بىز بىلەن بىللە تۇرغىن» دەپ بەك يالۋۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۆيدىكىلەر «مەن قانۇنلۇق شىركەت قۇردۇم، قانۇنلۇق بىر تەرەپ قىلىشىم كىرەك. مەن خىتايغا ھەر ئايدا دىگۈدەك 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن باج تاپشۇرىمەن، دۆلەت قانۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا ئىش قىلىۋاتىمەن. ئۇنداق بولغان ئىكەن مەن قانۇنسىز بىر ئىش قىلسام بولمايدۇ. مەن ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق زەرەر كەلتۈرىدىغان ئىش قىلمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مىنىڭ قورقىدىغان ھېچقانداق بىر يېرىم يوق» دەپ ۋەتەنگە قايتىپ كەتتى. قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ ئايغىچە نۇرمال ئالاقە قىلدۇق. ئۈچ ئايدىن كېينلا ئىز دىرەكسىز يوقاپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىساق، كامپىغا ئېلىپ كىرىپ كىتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز يەنە ئۇنىڭ ئىز دىرىكىنى قىلدۇق. بالىلىرىمنىڭ دادىسى بولۇش ۋە مېنىڭ يولدۇشۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. شۇنىڭ بىلەن مەن مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشۈشكە، بۇنىڭ شىكايىتىنى قىلىشقا، ھەتتا بېيجىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئالاقە قىلىشقا، نۇرغۇن دۆلەتلەرگە «بۇنىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىپ بىرىڭلار» دەپ ئۆتۈنگەن ھالەتتە ئىز دىرىكىنى قىلغان بولدۇق.

2017- يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا شۇ يەردىكى بىر ساقچىدىن 15 يىللىق جازا بىرىلگەنلىكىنى، ئۇرۇمچىدىكى بىر تۇرمىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق ھەمدە ئۇ تۇرمىنىڭ ۋە بىزگە مەلۇمات يەتكۈزگەن ساقچىنىڭ سۈرىتىنى قولغا چۈشۈرگەن بولدۇم. مەن بۇ ئىسپاتنى قولۇمغا ئالغاندىن كىيىن بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بەردىم. 2019- يىلىنىڭ ئاخىرىدا چىقىپتۇ دىگەن مىش مىش گەپنى ئاڭلىدۇق. ئەمما ھازىرغىچە (2021- يىلى 7- ئايغىچە) ھېچقانداق شەكىلدە ئالاقە قىلىپ باقمىدۇق. ھاياتمۇ ھايات ئەمەسمۇ، شىركەتنىڭ ئەھۋالى قانداق، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى، سالامەتلىكى قانداق؟ بۇ ھەقتە ھېچقانداق خەۋەرنى بىلمەيمىز.

4. ئۇنىڭدىن باشقا مەن 2014- يىلى چىققاندىن كىين، ئۆزۈمنىڭ دادىسى بۇ يىل 68 ياشقا كىردى، غۇلجىدا تۇرىدۇ. كۆرۈشۈپ باقمىدىم. 2014- يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ئارلىقتا يەتتە يىل ۋاقىت ئۆتتى مانا، ئۆزۈمنىڭ دادىسى بىلەنمۇ كۆرىشەلمىگىلى. يولدىشىمنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئەمىن ھاجىم. يېشى 56 ياش. كىچىكىدىن باشلاپ تىجارەت قىلىپ، كىيىنكى كۈنلەردە شىركەت قۇرغان كىشى ۋە شىركەت دىرىكتورى. ئەسلىدە سالامەتلىكى ياخشى، ھەرقانداق ۋاقىتتا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان، ھېچقانداق بىر جىنايىتى بولمىغان، ھۆكۈمەتكىمۇ ھېچقانداق زەرەرى بولمىغان، ھېچقانداق قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلىپ باقمىغان بىر ساغلام ئادەم دەپ بىلىمەن.

5. غۇلجىدا ئىككى ئاچام بار، بىر ئاچام بېيجىڭدا ئوقۇغان، يەنە بىر ئاچام يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئىككى ئاچام بىلەنمۇ ھازىر يەتتە يىل بولدى كۆرۈشۈپ باقمىدىم. دادامنىڭ ئىسمى سىدىق قاسىم. بۇ يىل 68 ياش. ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن. ئاپام بولسا ۋاپات قىلغان ئىدى. ئاچام بولسا ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. زاھىدە سىدىق. 50 ياشتا. يەنە بىر ئاچام گۈلزىرە سىدىق 48 ياشتا. ئۇمۇ ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. ئىككىلىسى تېخنىك ئىدى. بىرى ستاتىستىكا بۆلۈمىدە، يەنە بىرى تېخنىك بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. ئۇلار بىلەنمۇ يەتتە يىل بولدى كۆرۈشۈپ باقمىدىم.

6. ئۇنىڭدىن باشقا باللىرىمنىڭ دادىسىنىڭ تۆت تاغىسىنىڭمۇ تۇرمىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدىم. بىرى باۋۇدۇن قارىھاجىم، ئىككىنچىسى ئەخەتھاجىم، ئۈچۈنچىسى ئابدۇمېجىت ھاجىم، تۆتىنچىسى مۇھەممەت ھاجىم. بۇلارنىڭمۇ تۇرمىگە ئېلىپ كىتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ھازىرغىچە چىققان ياكى چىقمىغانلىق خەۋىرىنى بىلەلمىدۇق. ئىز دىرىكى يوق.

7. ئۇنىڭدىن باشقا باللىرىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىككى ئىنىس بار ئىدى بىرى ئۆمەر قارىم يەنە بىرى ئىمىن ئاخۇن دەپ، ئۇ ئىككىسىنىڭمۇ تۇرمىگە ئېلىپ كىتىلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق لېكىن چىققان خەۋىرىنى ئاڭلىمىدۇق. تۇرمىگە كىرىپ كەتكەنلىك

خەۋىرىنى 2015- يىلى ئاڭلىغان ئەمما ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىز دېرىكىنى ئالالمىدۇق.

8. ئۇنىڭدىن باشقا بالىلىرىمنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسى 92 ياشتا قېلىپ قالغان. بالىلىرىمنىڭ دادىسى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھاياتمۇ، ئۆلۈپ كەتتىمۇ، ئىككى ئىنىسى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن نەدە قالدى، كىم قارىدى، ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدۇق. ھازىرغىچە بىلمەيمىز. ياشىنىپ قالغان ئايال.

9. ئۇنىڭدىن باشقا بالىلىرىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىككى ئاچىسى بار ئىدى، ئامىنەخان ۋە رېيىمىخان دەپ. ئۇ ئىكىسىنىڭمۇ ھېچقانداق خەۋىرىنى بىلمەيمىز.

10. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچىدە ئايگۈل دەپ بىر نەۋرە ئاچام بار ئىدى. 2015- يىلى كىلىپ تىجارەت قىلىپ كەتكەن. ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋىرىنى بىلمەيمەن.

11. ئۇنىڭدىن باشقا مەن ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان نەزىرە داموللام دەپ بىر دوستۇم بار ئىدى. تۈرمىگە ئېلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم ۋە چىققانلىق خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىدىم ئەمما ئۆزى بىلەن كۆرۈشەلمىدۇق. تۆت بالىسىنىڭ بىر بالىسى ئۆزىنىڭ يېنىدا قالغان ئۈچ بالىسى باللار يېتىمخانىسىدا ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەت سالىھ داموللاھاجىمكام بىزنىڭ مۇئەللىمىمىز ۋە بىزنىڭ يول باشچىمىز بولىتى. ئۇ ئادەم شېھىت قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا مىنىڭ بىللە ئۆتكەن بىلىقىز ئىسىملىك دوستۇم ۋە ساۋاقداشلىرىم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى بىرمۇ بىر دەپ بولالمايمەن، ئەمما شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كامپىغا سولانغانلىقىنى بىلدىم. چىققان چىقمىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

12. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپامنىڭ ئاچىسىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى ئابلىكىم دەپ، ئىككى كۈندە بىر دىگۈدەك سولىنىۋالىتى، ھازىرمۇ تۈرمىدە ئىكەن، مۇددەتسىز كىسىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. غۇلجا تۈرمىسىدە. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ، ئۆيدىكىلەرنىڭ باشقا خەۋىرىنى بىلمەيمەن.

13. مەن تۈركىيەگە چىققاندىن كېيىن، ماددى جەھەتتىن بولسۇن مەيلى مەنىۋى جەھەتتىن ۋە باشقا جەھەتتىن بولسۇن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىزگە ساھىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**14. مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۇاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بىتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**15.**

**16. ئىمزا:**

**17. ۋاقىت:**